# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报
(维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 /Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1— 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)

1992 - يىل
نويابىر
7
شەنبە


## يۇرۇشلەشكەن ئىسلاھاتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

### — «نىزام» نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا (6)

«نىزام» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر راۋاجلاندۇرىدىغان ئۇلۇغ سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كېلىشتىن ساقلىنىش تەس. بۇ قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مىسلىسىز دەرىجىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھەمكارلىششى، ماسلىششىغا توغرا كېلىدۇ.

يۇرۇشلەشكەن ئىسلاھاتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش بىلەن زىچ باغلانغان ھالقا.

«نىزام» ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى بەزى كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنى باشلاپ كەتكەن. مەسىلەن: ئالدىنقى بىر مەزگىلدە كارخانىلارنىڭ «تۆمۈر تاۋاق، تۆمۈر ئورۇندۇق، تۆمۈر ئىش ھەققى» نى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم قەدەم - باسقۇچى. بۇ نەتىجىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىراق دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىق كۈچى ئاز بولمىدى. پاكىتلار ئۆز خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى كارخانىلارلا ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، يۇرۇشلەشكەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ مۇكەممەلرەك ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىش لازىملىقىنى، ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردە جەمئىيەتنىكى ھەر قايسى تەرەپلەر زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەندىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«نىزام» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش كارخانىلارنىڭلا ئىشىدەك، باشقا ساھەلەر بىلەن ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق چۈشەنچە خاتا، ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرى زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشمىسا، كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشى قىيىن بولىدۇ؛ مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە، باھا، ماددىي ئەشيا، سودا، تاشقى سودا، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشمىسا كارخانىلارنىڭ 14 تۈرلۈك ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى قىيىن بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى، ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرى پۇل مۇئامىلە بازىرى، تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى، بولمىسا ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈش بازىرى يېتىلدۈرۈلمىسە ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلمىسە كارخانىلار بازارغا يۈزلىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ؛ ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن قوللىمىسا «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئونىۋېرسال يۇرۇشلەشكەن ئىسلاھاتنى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ، «نىزام» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ياڭ شاڭكۇن، لى پېڭ مولداۋىيە زۇڭتۇڭى بىلەن كۆرۈشتى ھەم سۆھبەت ئۆتكۈزدى



رەئىس ياڭ شاڭكۇن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ سېنگور زۇڭتۇڭنى قارشى ئالدى.
شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شىڭەن فوتوسى
(فوتو تېلېگراف)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - نويابىر تېلېگراممىسى. دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇن بۈگۈن بۇ يەردە مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى مىلچا سېنگور ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى: جۇڭگو مولداۋىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى مولداۋىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىكىنى قوغداش ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا باشتىن - ئاياغقىچە كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم قوللاپ كەلدى.

ياڭ شاڭكۇن مۇنداق دېدى: «بىز تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى خالايمىز.»

سېنگور زۇڭتۇڭ رەئىس ياڭ شاڭكۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈنۈگۈن كەچتە بېيجىڭغا كېلىپ، جۇڭگودىكى رەسمىي زىيارىتىنى باشلىغانىدى. بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى ياڭ شاڭكۇن «خەلق» سارىيىنىڭ مەركىزىي زالىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، سېنگور ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ياڭ شاڭكۇن مۇنداق دېدى: سېنگور زۇڭتۇڭ دۆلەت باشلىقى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ئاسىياغا ھەم ئالدى بىلەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلدى. بۇ مولداۋىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو - مولداۋىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، زۇڭتۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە جەزمەن يېپ - يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

ياڭ شاڭكۇن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14 - قۇرۇلتىيى يېقىندا ئېچىلدى، بىز 14 - قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن نىشان ۋە پروگراممىغا ئاساسەن داۋاملىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز ھەم دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان دوستلۇق - ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىمىز ۋە [illegible]

ناھايىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مولداۋىيە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا ناھايىتى قىزىقىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېدى.

كەچتە ياڭ شاڭكۇن دىياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا سېنگور زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەرىپىگە قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - نويابىر [illegible]

* * *

## شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لوخەنۋۇ خەۋەر قىلىدۇ. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى پايدىلىق يۈرۈشتىنى چىڭ تۇتۇپ، ترانسپورت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ترانسپورت ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارى، يولۇچىلار ترانسپورت [illegible] مۇددەتتىن بىر پەسىل ئىلگىرى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 54.22%، 49.54%، 49.5% ئاشۇردى. [illegible]

## شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، 600 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى

شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 21 ناھىيە، شەھەرگە ھەر خىل پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى [illegible]

